ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
كۈچ - قۇۋۋەت بىلىمدىندۇر، سائادەت ئىلىمدىندۇر.
Güç - Kuvvet Bilimdendir, Saadet İlimdendir.

سىزنىڭ ئورنىڭىز: باشبەت » ئومۇمى » پسخولوگىيە ۋە ئەدەبىيات – كارل گۇستاف يۇڭ

# پسخولوگىيە ۋە ئەدەبىيات – كارل گۇستاف يۇڭ

يوللىغۇچى: ئاكادېمىيە يوللانغان ۋاقتى: 2013- يىل 12- ئىيۇن ئورنى: ئومۇمى، ئەدەبىيات گۈلزارى

ULY gha aylandurup körüsh USY gha aylandurup körüsh UEY gha aylandurup körüsh

ئىمىن ئەخمەدى تەرجىمىسى

«غەرب ئەدەبىيات- سەنئەتكە دائىر مەشھۇر نەزەرىيۋى ماقالىلەردىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى

پسخولوگىينى پسخىك جەريانىنى تەتقىق قىلىش سۈپىتىدە ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىشتىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئادەمنىڭ پسخىك مىجەزى بارلىق پەن ۋە سەنئەتنى تەۋەللۇت قىلدىغان ئانا گەۋدە. بىز بىر تەرەپتىن، بەدىئىي ئەسەرنىڭ شەكلىنى پسخىك تەتقىقات ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەمنى بەدىئىي ئىجادىيەت كۈچىگە ئىگە قىلىدىغان ھەر خىل ئامىلنى مۇشۇ ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىمىز. شۇڭا پسخولوگىيە مۇستەقىل، ئۆزئارا پەرق قىلىدىغان بۇ ئىككى ۋەزىپە بىلەن روبرو بولۇشى ھەمدە ئۇلارنى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئۇسۇلغا تايىنىپ كۆزتىشى لازىم.

بەدىئىي ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىز كۆزەتمەكچى بولغان نەرسە بىر خىل مۇرەككەپ پائالىيەتنىڭ مەھسۇلى، بۇ خىل مەھسۇلاتتا روشەن مۇددىئا ۋە ئاڭلىق شەكىل بولغان بولىدۇ. ھالبۇكى، سەنئەتكار ئۇچۇن ئالغاندا بىزنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنىمىز پسخىك قورۇلمىنىڭ ئۆزى. ئالدىنقى ئەھۋالدا بىز مەلۇم ئېنىق بەلگىلەنگەن كونكرېت بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتنى پسخولوگىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلىشنى سىناپ بېقىشىمىز كېرەك. كېيىنكى ئەھۋالدا بولسا جانلىق، ئىجادچانلىقتا باي ئىنساننى بىر خىل پەۋقۇلئاددە ئىندىۋىدۇئاللىق تەرىقىسىدە بەكرەك تەتقىق قىلىشىمىز زۆرۈر. بۇ ئىككىسى زىچ مۇناسىۋەتلىك، ھەتتا بىر-بىرىگە تايىنىدىغان تۇرۇقلۇق ھېچكىممۇ بىزنى ئۇلار ئۈستىدە ئىزدەۋاتقان چۈشەنچە بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ. بەدىئىي ئەسەر ئارقىلىق سەنئەتكار ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىش ياكى ئەكسىچە سەنئەتكار ئارقىلىق بەدىئىي ئەسەر ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس، مۇنداق خۇلاسىنىڭ مۇتلەق بولالىشى ناتايىن. ئۇ ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئارانلا ئېھتىماللىق دائىرىسىدىكى پەرەز ياكى ئۇدۇل كېلىپ قالغان تەسەۋۋۇر خالاس. گىيۇتى بىلەن ئانىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلىش فائۇستنىڭ: «ئانىلار، ئانىلار! بۇ ئاڭلىماققا نەقەدەر غەلىتىلىك- ھە!» دەپ تۇۋلاپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ئازدۇر-كۆپتۇر ياردەم بېرەلەيدۇ. لېكىن، گەرچە بىز گىيۇتىنىڭ جىسمىدىن بۇ ئىككىلەننىڭ ئارىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى خاتاسىز ھالدا ھېس قىلالىساقمۇ، ئۇ بىزنى گىيۇتىنىڭ ئانىسىغا بولغان تونۇشىقا كۆرە قانداقلارچە فائۇستتىكى درامماتىك گەۋدىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە يېتەرلىك ئۇقۇمغا ئىگە قىلالمايدۇ. ئوخشاشلا، ئۇنى ئەكس تەرەپتىن پەرەز قىلىپمۇ ئۇنچە كۆپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيمىز. نىبورونگىن ياشىغان قەھرىمانانە شىجائەتكە تولغان ئەرلىك دۇنياسى بىلەن ۋاگنېرنىڭ جىسمىدىكى مەلۇم زەيپانە ئايالىق مىجەز ئارىسىدا ھەقىقەتەن بەزى يوشۇرۇن باغلىنىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن «نىبورونگىننىڭ ئۈزۈكى» دىگەن ئەسەردىكى ھېچقانداق نەرسە بىزنىڭ ۋاگنېر تاساددىپىي يوسۇندا ئاياللارنىڭ كىيىمنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ پاكىتنى جەزملەشتۈرۈشىمىزگە ۋە پەرەز قىلىشىمىزغا ھەمدەم بولالمايدۇ.

پسخولوگىيەنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى تېخى بىزنىڭ بىرەر پەن چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك دەپ ئارزۇ قىلغان مۇنتىزىم سەۋەب- نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تۇرغۇزالىشىمىزغا يول قويمايدۇ. بىز پەقەت پسخىكلىق- فىزئولوگىيەلىك ئىنكاستىن ئىبارەت مۇشۇ ساھەدىلا سەۋەب- نەتىجە كۆز قارىشىدىن ئىشەنچلىك رەۋىشتە پايدىلىنالايمىز. پسخولوگىيە ئالىمى يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى روھىيەت تۇرمۇشىنى قاندۇرالايدىغان نۇقتىدا تۇرۇپ ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، تېخىمۇ مۇرەككەپلىككە ئىگە قاتلامدا تۇرۇپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەتراپلىق بايان قىلىشى، چىگىش يوللارنى جانلىق تەسۋىرلىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇ ھەر قانداق بىر پسخىك جەريانىنى يەككە ھالدا ئابستراكىت ئورۇنغا قويۇشتىن، ئۇنى بىر خىل «مۇقەررەر» جەريان دەپ سىپلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق بولمىسا، ئەگەر پسخولوگ راستىنلا بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئىچكى قىسمى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىدىكى سەۋەب- نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىنى تاپقان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ بەدىئىي تەتقىقاتنى ئۆزىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسىدىن مەھرۇم قىلغان بولىدۇ. ئۇنى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان پەندىكى مەخسۇس بىر تارماق ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئەلۋەتتە، پسخولوگىيە ئالىمى مۇرەككەپ پسخىك ھادىسىلەر ئىچىدىن سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلىدىغان تەشەببۇستىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدۇ. چۈنكى مۇنداق ۋاز كېچىش پسخولوگىيەنىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبلىرىنى ئىنكار قىلغانلىق بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ئۇ بۇ تەشەببۇسنى ئەڭ مۇكەممەل مەنا يېقىدىن ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ھاياتىنىڭ (سەنئەت قويىندا ئۆز ئىپادىسىنى ئەڭ تولۇق نامايان قىلغان) ئىجادكارلىق ...ى ئىدراكىي فورمۇلا تىكلىمەكچى بولغان ھەر قانداق ئۇرۇنۇشنى مەغلۇپ قىلىدۇ. غىدىقلاشتىن كېلىدىغان ھەر قانداق ئىنكاسنى سەۋەب-نەتىجە تەرىپىدىن ...ەندۇرۇشكە بولسىمۇ، بىراق ئىجادكىرانە پائالىيەت بىلەن نوقۇل ئىنكاس قايتۇرۇش پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى بولۇپ چىقىدۇ، ئۇنى ئىنسانلار ئەبەدىلئەبەد چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. بىز پەقەت ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنىلا، يەنى ئۇنىڭ گۆڭگا ھالدا ھېس قىلىنىش مۇمكىنلىكىنى، ئەمما تولۇق ئىگەللەش مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنىلا

بايان قىلالايمىز. شۇڭا پسىخولوگىيە بىلەن بەدىئىي تەتقىقات مەڭگۈلۈك رەۋىشتە بىر-بىرىنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج بولىدۇ. بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى ئاجىزلىتالمايدۇ. پسىخىك ھادىسىلەرنى پەرەز قىلىشقا بولىدىغانلىقى ــــ پسىخولوگىيىدىكى مۇھىم ئاساسى قائىدە. پسىخىك مەھسۇلات بەدىئىي ئەسەر ياكى سەنئەتكارنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئۇ مەلۇم ئەركىن نەرسە. بۇمۇ بەدىئىي تەتقىقاتتىكى مۇھىم ئاساسىي قائىدە. بۇ ئىككىسى ئۆزئارا نىسپىي بولغىنىغا قارىماي پۈتۈنلەي نىسپىي ئەھۋال.

### 1.بەدىئىي ئەسەر

پسىخولوگىيە ئالىمى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچى بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنى كۆزەتكەندە، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تەتقىقات قىلىش جەھەتتىن تۈپتىن پەرق بولىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ قارىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ۋە قىممەتكە ئىگە نەرسىنىڭ پسىخولوگىيە ئالىمى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇلار يۈكسەك غۇۋالىقتا ئىگە ئەدەبىي ئەسەر كۆپ ھاللاردا پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ ئىنتايىن زور قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. ئالايلۇق، ئەدىبلەر ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىغا ئاساسەن « پسىخىك ھادىسە» دەپ ئاتىلىدىغان ھېكايىلەر پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئۈچۈن ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئىش ئەمەس. مۇكەممەللىك يېقىدىن ئالغاندا، مۇنداق بىر پارچە ھېكايىنى چۈشەندۈرىدىغان نەرسە ئۇنىڭ ئۆزى. مۇنداق ھېكايىلەر پسىخولوگىيە يېقىدىن ئۆزىنىڭ چۈشەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئاللىقاچان ئورۇنداپ بولغان بولىدۇ. پسىخولوگىيە ئالىمى ناھايىتى كەلسە پەقەت مۇشۇ ئاساستا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تەنقىدنى قانات يايدۇرىدۇ ياكى ئۇنى تولۇقلايدۇ. مۇئەييەن بىر يازغۇچىنىڭ مۇئەييەن بىر ھېكايىنى يېزىشىنى قانداقلارچە باشلىغانلىقىغا كەلسەك، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە جاۋاب چىقمايدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئادەتتىكى مەسىلىنى ماقالىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلۈكىگە قالدۇرۇپ مۇھاكىمە قىلساق بولىدۇ دەپ قارايمەن.

پسىخولوگىيە ئالىمىنى كۆپ ھوسۇلغا ئىگە قىلىدىغىنى مۇنداق خىلدىكى ھېكايىلەر، يەنى مۇنداق ھېكايىلەردە يازغۇچى ئۆزىنىڭ پېرسوناژلىرىنى پسىخولوگىيە جەھەتتىن ئىزاھلىمىغان بولىدۇ، ئۇلار مۇشۇ تۈپەيلى بۇ ھېكايىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە شەرھلەشكە ئىمكانىيەت قالدۇرىدۇ. ھەتتا، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى پسىخولوگىيە ئالىملىرىنى ئۆزلىرى ئۈستىدىن تەھلىل ئېلىپ بېرىشقا ۋە چۈشەنچە بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ. بانۇئارتنىڭ ھېكايىسى بىلەن لىدىل ھايگىتنىڭ ئۇسلۇبىدىكى ئەنگلىيە ھېكايىلىرى ھەمدە كىناندويىل باشلاپ بەرگەن ۋە كىشىلەر ياقتۇرىدىغان تۈركۈم-تۈركۈم ھېكايىلەرنى روياپقا چىقارغان شۇ ئۇسلۇبتىكى رازۋېدكا تېمىلىرى ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى. مىلۋىر يازغان «ئاق كىت» (مېنىڭچە، بۇ ئامېرىكا ھېكايىلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى چىققان ئەسەر) مۇ مۇشۇ خىلدىكى ئىجادىيەتكە ياتىدۇ. روشەنكى، پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تازا قىزىقىدىغىنى دەل پسىخىك مونولوگ كەمچىل بولغان مۇشۇ خىلدىكى گۈزەل تەسۋىر. بۇنداق ھېكايىلەر ھەر خىل ئىنچىكە پسىخىك پەرەزلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇلار يازغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە بىلىپ كەتمىگەن ئەھۋالدا نوقۇل ۋە بىۋاستە ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ ۋە ھەمدە ئۆزىنى تەنقىد ئوپېراتسىيىسىگە تاشلاپ بېرىدۇ. ئەكسىچە، پسىخىك ھېكايىلەردە يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ خام ماتېرىيالنى قايتىدىن پىششىقلاشقا، ئۇلارنى ئىپتىدائىي تەبىئىيلىكنىڭ سەۋىيىسىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە، ئۇلارنى پسىخولوگىيە يۈكسەكلىكىدىن چۈشەندۈرىدىغان ۋە ئىزاھلايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ. نەتىجىدە ئەسەرنىڭ پسىخىك ئەھمىيىتى يېپىلىپ قالىدۇ ياكى ئۇ ئەسەر ئىگەللەش تەسكە چۈشىدىغان بىر نەرسە بولۇپ چىقىدۇ. نائۇستا ئادەملەر دەل مۇشۇ خىل ھېكايىلەردىن ئاتالمىش پسىخولوگىيەنى تاپماقچى بولىدۇ. ھالبۇكى، پسىخولوگىيە ئالىملىرىغا جەڭ ئېلان قىلىدىغىنى باشقا بىر خىل ھېكايىلەر، چۈنكى پەقەت پسىخولوگىيە ئالىملىرىلا بۇنداق ھېكايىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قىلالايدۇ.

مەن ھېكايە توغرۇلۇقلا سۆزلەۋاتىمەن، لېكىن مەن تىلغا ئېلىۋاتقان پسىخولوگىيە پاكىتى يالغۇز مۇشۇ پەۋقۇلئاددە ئەدەبىي شەكىل بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بىز بۇنداق پاكىتقا شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئوخشاشلا يولۇقىمىز. «فائۇست» دراممىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى بىلەن ئىككىنچى قىسمىنى سېلىشتۇرغان چېغىمىزدا بۇ پاكىتنى يەنە بىر قېتىم ئۇچرىتىمىز. گالچېننىڭ مۇھەببەت تراگېدىيەسى ئۆزىنى ئۆزىگە چۈشەندۈرگەچكە، پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا باشقا ھەر قانداق نەرسىنى قوشۇشنىڭ ئامالى يوق. چۈنكى شائىر ھەممىنى ئەڭ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن دەپ بولغان. ئەكسىچە، دراممىنىڭ ئىككىنچى قىسمى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىكى تەسەۋۋۇرغا باي خام ماتېرىيالنىڭ ئۆزىلا ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە مول، ئۇ شائىرنىڭ ماتېرىيالنى تەشكىللەش ئىقتىدارىدىن ھالقىپ ئۆتكەن، شۇڭا ئۇنىڭ ھەر قانداق يېرىدە ئۆزىنى ئۆزى شەرھلەيدىغان ئىش يوق. ھەر بىر مىسرا شېئىر ئوقۇرمەننىڭ ئۆزىنىڭلا چۈشەنچە بېرىشىگە مۇھتاج. «فائۇست» دراممىسىنىڭ مۇشۇ قىسمى بۇ ئىككى خىل ئەدەبىي ئەسەردىكى پسىخىك پەرقنى چېكىدىن ئاشقان شەكىل بىلەن ئىزاھلاپ بولغان. مەن بۇ خىل پەرقنى يەنىمۇ تەكىتلەش ئۈچۈن بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ بىر خىل شەكلىنى «پسىخىكلىق»، يەنە بىر شەكلىنى «خىيالىي تۈيغۇلۇق» دەپ ئايرىش قارارىغا كەلدىم. پسىخىكلىق شەكىلدە پىششىقلانغان خام ماتېرىيال ئادەملەرنىڭ ئاڭ دائىرىسىدىن، ئالايلۇق، ھاياتلىقتىكى ساۋاقتىن، ھېسسىياتتىكى ھەيرانلىقتىن، ھاياجاندىكى تەجرىبىدىن، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي تەقدىرىدىكى بوھراندىن كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ھېسسىي تۇرمۇش ئادەمدىكى ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ. شائىر بۇنداق خام ماتېرىيالنى پسىخىك جەھەتتە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ، ئۇنى ئادەتتىكى ئورۇندىن شېئىرىي تەجرىبە سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ ھەمدە ئوقۇرمەنلەرگە ئۇ ئۆزى ئادەتتە ئۆزىنى قاچۇرۇپ سەل قارىغان نەرسىنى، ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان پاسسىپ شەكىلگە تايىنىپلا ھېس قىلالايدىغان ۋەقەنى تولۇقى بىلەن تونۇتۇش ئارقىلىق، ئۇنى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر كۆزىتىدىغان قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. شائىرنىڭ بۇ يەردىكى خىزمىتى ئاڭنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاش، ئىنسان تۇرمۇشىدىكى مۇقەررەر تەجرىبىلەرنى ھەمدە ئەبەدىلئەبەد دائىرىلىك ئايلىنىپ تەكرارلىنىدىغان پاجىئە بىلەن خۇشاللىقنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلاشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. ئۇ پسىخولوگىيە ئالىملىرىغا بىز ئۇلاردىن فائۇستنىڭ گالچېننى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ياكى ئۇنىڭ گالچېننى ئۆز پەرزەنتىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئالدىراتقانلىقىدىكى سەۋەبلەرنى تەپسىلىي شەرھلەپ بەرسە دەپ سەممىيلىك بىلەن بايان قىلغان ئارزۇلىرىمىزدىن بۆلەك ھېچقانداق نەرسىنى قالدۇرمايدۇ. بۇنداق تېمىلار ئىنساننىڭ تەقدىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولغاچقا، ئۇ مىڭ قېتىم، ئونمىڭ قېتىم تەكرارلىنىش تۈپەيلى ساقچى ئورگانلىرى بىلەن جىنايى جازا قانۇن دەستۇرلىرىنى بىر كاتاڭدىن چىققاندەك ئوخشاشلىقتا ئىگە قىلىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ھېچقانداق گۇڭگا، خىرە-شىرە نەرسە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنى چالا قويماي چۈشەندۈرۈپ بولغان بولىدۇ.

مۇنداق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، ئالايلۇق بىر تالاي مۇھەببەت ھېكايىلىرى، مۇھىت ھېكايىلىرى، ئائىلە ھېكايىلىرى، جىنايەت ھېكايىلىرى، ئىجتىمائىي ھېكايىلەر، ۋەز-نەسىھەت شېئىرلىرى جۈملىدىن، زور تۈركۈمدىكى لىرىك شېئىرلار، دراما (تراگېدىيە بىلەن كومېدىيە) قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مەيلى ئۇلار قايسى خىلدىكى پەۋقۇلئاددە ئىپادىلەش شەكلىنى قوللانغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، پسىخىكلىق بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى ھامان ئىنساننىڭ ئاڭ تەجرىبىسىدىكى پايانسىزلىقتىن، جانلىق ھاياتىي مەنزىلدىن كەلگەن بولىدۇ. بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى مەن بايا يۇقىرىدا ئېيتقاندەك پسىخىكلىق شەكلىگە ياتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز جىسمىدىكى پائالىيەتتىن باشتىن-ئاياغ دېگۈدەك پسىخولوگىيە چۈشىنەلەيدىغان دائىرىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلار ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ھەممە تەجرىبىنى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش شەكلىنى ئادەملەر بىر قاراپلا بىلىۋالىدۇ، ئۇ ھەتتا ئاساسىي تەجرىبىنىڭ ئۆزى بولغان تەقدىرىدىمۇ، ئۇنىڭ غەيرىي ئىدراكى شەكىلدە بولغىنىغا قارىماي ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىچە بىر نەرسە بولمايدۇ. دەل ئەكسىچە، ئۇلار ھاياجان ۋە ئەسەرنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلگەن نەتىجىدىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، ئۇلار ئادەمنىڭ تەقدىرگە تەن بېرىشى، مەڭگۈلۈك تەبىئەت ۋە ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك، ۋەھىمىلەرگە كۆرە باشلىنىشى بىلەن تەڭلا ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇملۇق نەرسە بولۇپ چىقىدۇ.

«فائۇست» نىڭ بىرىنچى قىسمى بىلەن ئىككىنچى قىسمى ئارىسىدىكى چوڭقۇر پەرق بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى پسىخىك جەريان بىلەن خىيالىي تۈيغۇلۇق شەكىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئۆلچىمى بولالايدۇ. كېيىنكىسىدىكى ئەھۋال ئالدىنقىسىدىكى ئەھۋالنىڭ دەل ئەكسى، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ئىپادىلەشنى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن تەجرىبە ئادەملەرگە ناتونۇش، ئۇلار ئىنساننىڭ روھىيەت چوڭقۇرلۇقىدىن ئاپپىردە بولغان مەلۇم يات نەرسە. ئۇ بەجايىكى ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى تۈپسىز ھاڭلىرىدىن كەلگەنگە، يەنە خۇددى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق دەرقەمتە بولغان كاملى ئىنسان دۇنياسىدىن چىققانغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن ھالقىغان ئىپتىدائىي تەجرىبە. ئىنسان ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆز جىسمىدىكى ئاجىزلىقتا كۆرە ئوڭايلا قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولىدۇ. بۇ خىل تەجرىبىنىڭ قىممىتى كۈچى ئۇنىڭدىكى چەكسىز قۇدرەتتىن كېلىدۇ. ئۇ ئەبەدىيلىك تۈپسىز ھاڭدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىدىكى ناتونۇشلۇقنى، ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان تىمتاسلىقنى، كۆپ لمسلىكنى، كاملى ئىنسانلىقنى، ئاجايىباتلىقنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ ئەلمىساقتىن ئىلگىرى لەيلەپ يۈرگەن مانان قويۇندىكى غايىبانە ئەۋرىشكە، نىتزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا ئىنسانىيەتكە قىلىنغان ئاسىيلىق. ئۇ بىزدىكى ئىنسانىي قىممەت ئۆلچىمى بىلەن ئېستېتىكا شەكلىدىكى ئۆلچەمنى ئۆزۈل-كېسىل بىت- چىت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تىل بىلەن ئىزھار قىلغىلى بولمايدىغان غەلىتىلىككە كۆرە بارلىقتا كېلىدىغان ۋەسۋەسىلىك خىيالىي ھادىسىلەر ھەر قايسى جەھەتتىن ئالغاندا ئادەمدىكى ھېسسىيات بىلەن چۈشەنچە ئىگىلەپ تۇرغان دائىرىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. ئۇ سەنئەتكارنىڭ ئىقتىدارىغا قارىتا ھەر خىل تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ تەجرىبە كۆلىبىسىدىن يولغا چىقىشنى ئەڭ ھاجەتسىز ئىش چاغلايدۇ. چۈنكى كۈندىلىك تۇرمۇش كۆلىبىسىدە جۇغلانما قىلغان تەجرىبىلەر ئالەم تەرتىپىنىڭ پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاشقا قادىر بولالمايدۇ، ئۇ ئىنسانىيەتتىكى مۇمكىنچىلىك چېگرىسىدىن نېرى كېتەلمەيدۇ. مۇشۇ تۈپەيلى، ئۇنىڭ شەخسكە نىسبەتەن قانچىلىك ھەيرانلىق ئېلىپ كېلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەنىلا سەنئەتنىڭ تەلپىگە لايىق پېتى قېلىۋېرىدۇ. ھالبۇكى، ئىپتىدائىي تەجرىبە بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆز چېكىسىگە تەرتىپ كۆرۈنۈشلىرى سىزىلغان ئالەم پەردىسىنى بېشىدىن ئايىغىغىچە يىرتىپ، بىزگە ھازىرغا قەدەر شەكىللەنمىگەن نەرسىلەرنىڭ تۈپسىز چوڭقۇرلۇقىغا نەزەر سېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. بۇ زادى باشقا بىر دۇنيادىكى خىيالىي تۇيغۇمۇ ياكى قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن روھنىڭ چۈشىدە زاھىر بولۇۋاتقان ئالۋاستىمۇ ۋە ياكى ئىنسان روھىيىتىنىڭ بالقۋاتقان ھۆسن-جامالىمۇ؟ بۇلارنى بىز ھەم مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيمىز شۇنداقلا ئىنكارمۇ قىلالمايمىز.

بىز «ھىلماسنىڭ پادىچىسى»، دانتىنىڭ ئەسەرلىرى، «فائۇست» نىڭ ئىككىنچى قىسمى، نىتزى يازغان «شىجائەتلىك دىئونىسۇس»، ۋاگنېرنىڭ «نىبورونگىنىڭ ئۈزۈكى»، سېپتلى يازغان « ئولىمپىكتىكى ئەتىياز»، ۋىلىيام بۇلاكنىڭ شېئىرلىرى،«مۇناخ فرانسسكو كولنا»، ياكوب پومنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرى ۋە شېئىرلىرىدىكى جۈيلۈش قاتارلىقلاردىن ھېلىقىدەك خىيالىي ھادىسىلەرنى كۆرەلەيمىز. ئىپتىدائىي تەجرىبە ھېكايە دائىرىسىدە لىدىل ھايگىت تېخىمۇ مۇنتىزىم، تېخىمۇ پەۋقۇلئاددە شەكىل بىلەن «ئايال» لارغا يۈزلىنىشنى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى. ئوخشاشلا بانۇئارتنى (ئاساسلىقى «ئاتلانتىك ئوكيا» دا)، كوبىننى («يەنە بىر تەرەپ» تە)، مىرىنكىنى («يېشىل رەڭلىك خىيال» دا)، گوئەيتسنى («ئىمپېرىيەنىڭ چېگرىسى يوق» دا)، باراكنى («ئۆلگۈچىنىڭ كۈنلىرى» دە) خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. ئەلۋەتتە، بۇ تىزىملىكنى يەنىمۇ ئۇزارتىپ يېزىشقا بولىدۇ.

بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ پسىخىكىلىق شەكلى بىلەن چېتىشلىقى بولغان ئەھۋالدا بۇ خام ماتېرىياللارنىڭ نېمە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ھالبۇكى، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ خىيالىي تۇيغۇلۇق شەكلى بىلەن ئۇچراشقان چېغىمىزدا بولسا بۇ مەسىلىگە ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل تىكلىشىشكە مەجبۇر بولىمىز. بىز ئۇنىڭدىن تەئەججۇپلىنىمىز، گۇمانلىنىمىز، قايمۇقىمىز، چۆچۈيمىز، ھەتتا سەسكىنىمىز؛ ئۇنىڭغا باھا بېرىشنى، چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىمىز. چۈنكى ئۇ بىزنى ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئەسلەشكە زورلىمايدۇ، بەلكى بىزنى چۈشىنىشكە، كېچىدىكى ۋەھىمىنى ۋە قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىكى قاراڭغۇلۇقنى ئەسلەشكە زورلايدۇ. ئۇلار بىز بەزى چاغلاردا گاھ ئىشىنىپ، گاھ ئىشەنمەي يۈرگەن نەرسىلەرنىڭ دەل ئۆزى. دەرۋەقە، ئۇلار ئەگەر بىز تۈيۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە قوپال ئىپادىلەنگەن بولسا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇرمەنلەر بۇنداق ئەسەرنى قارشى ئالمايدۇ، ھەتتا ئەدەبىي تەنقىدچىلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا تەڭلىكتە قالىدۇ. دانتى بىلەن ۋاگنېر بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ خىيالىي تۇيغۇلۇق شەكلى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەنلەر. دانتىنىڭ ئەسەرلىرىدە تارىخىي پاكىتلار تىلغا ئېلىنغان بولغاچقا، ۋاگنېرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەپسانىلەر بايان قىلىنىپ، خىيالىي تۇيغۇ تەجرىبىلەر يېپىلىپ قالغان بولغاچقا، ئادەملەر كۆپ ھاللاردا تارىخ بىلەن ئەپسانە مۇشۇ شائىرلار يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتا تايىنىدىغان خام ماتېرىيال دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۈچ-قۇدرەت بىلەن چوڭقۇر مەنە ياكى تارىخنىڭ ئىچىدە ياكى ئەپسانىنىڭ ئىچىدە ئەمەس، ئەكسىچە خىيالىي تۇيغۇدىكى تەجرىبىلەرنىڭ قويىنىدا بىرلا ۋاقىتتا ھازىر بولىدۇ. مۇشۇلارغا كۆرە، لىدىل ھايگىتنى ھەممەيلەننىڭ نوقۇل رەۋىشتە ھېكايە ئىختىرا قىلغۇچى دېگەنلىرىگە ھەيران قالمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ھېكايە ئۇنىڭ قولىدا يەنىلا مەلۇم مەنەنى ئىپادىلەيدىغان خام ماتېرىيالنىڭ ۋاستىسى، خالاس. يۈزەكى نۇقتىدىن قارىغاندا، ھېكايىدىكى ۋەقەلىك قايسى يول ئارقىلىق ئۆز مەزمۇنىدىن ھالقىپ كەتكەن بولمىسۇن، مۇھىملىق جەھەتتە مەزمۇن ھامان ھېكايە ۋەقەلىكنى بېسىپ چۈشكەن بولىدۇ.

خىيالىي تۇيغۇ شەكلىدىكى ئىجادىيەت ماتېرىيالىنىڭ كېلىش مەنبەسىدىن سۆزلىگەندە، ئۇنىڭدىكى غۇۋا چۈچمەللىك ئادەمنى راستىنلا ھەيران قالدۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ بىر ئىجادىيەتنىڭ پسىخىكىلىق شەكلىدە يولۇققان ھېلىقى نەرسىلەرگە قىلچە ئوخشىمايدۇ. مۇشۇ تۈپەيلى بىز بۇ غۇۋا چۈچمەللىك قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانمۇ قانداق دەپ گۇمانلانماي قالمايمىز. بىز تولىمۇ تەبىئىي يوسۇندا پەرەزگە__ فروئىدنىڭ پسىخولوگىيسىمۇ بىزنى مۇشۇنداق پەرەز قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن__ مايىل بولىمىز. چۈنكى بۇ خىل ئەقلگە سىغمايدىغان قاراڭغۇلۇقتا يۈكسەك دەرىجىدە شەخسلەشتۈرۈلگەن تەجرىبىلەن يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا بىز ئەلمىساقتىن بۇرۇنقى مانانغا بولغان غەلىتە كۆزىتىشنى مۇنداق شەرھلىمەكچى بولىمىز، يەنى نېمشقا شائىرنىڭ ئۆزىدىكى ئاساسلىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى قارىماققا بەزىدە بىزدىن قەستەن يوشۇرغاندەك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئۇرۇنىمىز. مەسىلىگە مۇنداق قاراش ئۇسۇلى بىلەن بىزنىڭ دۇچ كېلىۋاتقانلىرىمىز پاتولوگىيە ئىلمى ۋە نېرۋا كېسەللىك ئىلمىدىن ئىبارەت سەنئەت دېگەنلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ئازلا پەرق بولغان بولىدۇ. ئەمدى خىيالىي تۇيغۇ شەكلىدىكى ئىجادىيەتنىڭ خام ماتېرىيالى بىز روھىي كېسەللەرنىڭ خىيالىدا ئۇچراتقان بەزى ئالامەتلەرنىڭ زاھىر بولۇشى دېگەنگە كەلسەك، يۇقىرىدىكى ھېلىقى ئازغىنە پەرق يوللۇق بولۇپ چىقىدۇ. ئەكسىچە بولغاندىمۇ يەنىلا ئوخشاش. چۈنكى بىز كۆپىنچە روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ روھىي مەھسۇلاتىدا ئەسلىدە تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىنلا تاپقىلى بولىدۇ دەپ ئۈمىد قىلغان مول ئىچكى مەزمۇنغا يولۇقۇپ قالىمىز. فروئىدقا ئەگەشكەن پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئەلۋەتتە ئۆزى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ئەسەرنى پاتالوگىيە تەرىقىسىدە مۇشۇنداق تەتقىق قىلىشقا ئامراق. ئۇلار بىر دەۋاتقان «ئىپتىدائىي خىيالىي تۇيغۇ» نىڭ يەنى ئاڭ ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ۋە قوبۇل قىلالمايدىغان تەجرىبىنىڭ تېگىدە ئادەمنىڭ مەستلىكنى كەلتۈرىدىغان شەخسىي تەجرىبىلەر يوشۇرۇنغانلىقىنى پەرەز قىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئىپتىدائىي خىيالىي تۇيغۇنى يۈزىگە چۈمپەردە تارتىۋالغان ئوبراز دېيىش ئارقىلىق، ئۇنىڭدا قەستەن يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئاساسىي تەجرىبىنى پەرەز قىلىشقا ۋە شۇنىڭغا كۆرە بۇ غەلىتە خىيالىي ئىماگنى چۈشەندۈرۈشكە ۋە شەرھلەشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە مۇھەببەت ئېھتىماللىقى ناھايىتى زور بولغان بۇ تەجرىبىلەر ئەخلاقىي ياكى ئىستېتىك زوق جەھەتتە پۈتكۈل ئادىمىيلىك پەزىلىتى بىلەن ياكى ھېچبولمىغاندا ئاڭلىق ئاڭدىكى بەزى ئوي-خىياللار بىلەن چىقىشالمايدۇ. مۇشۇ تۈپەيلى ئۇلار شائىرلارنى ئۆزىدىكى «ئۆزلۈك» ئارقىلىق بۇ تەجرىبىلەرنى باسۇرۇقتا ئالىدىغان، تونۇغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرىدىغان، يەنى ئاڭسىزلىقتا ئايلاندۇرىدىغان قىلىش ئۈچۈن يوشۇرۇن ھالەتتىكى بارلىق پاتولوگىيەلىك خىيالنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ باقىدۇ. مەۋھۇملۇقنى رېئاللىقنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولغان بۇ خىل سىناق تاكى بېشىدىن ئاخىرىغا قەدەر ئادەملەرنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇ بىر تالاي ئىجادىي ئىپادىلەش جەريانىدا تەكرارلىنىشتىن خالىي بولالمايدۇ. دېمەك، دەل مۇشۇ ئەھۋال پۈتكۈل قورقۇنچلۇق، غەلىتە، بىنورمال تەسەۋۋۇر شەكلىنىڭ نېمە سەۋەبتىن بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. ئۇلار بىر ياقتىن قوبۇل قىلىش تەسكە چۈشىدىغان تەجرىبىلەرنىڭ ئورنىغا قويۇلىدىغان بۇيۇم بولۇپ قالىدۇ؛ يەنە بىر ياقتىن ئۇلار بۇ تەجرىبىلەرنىڭ پىنھان ھالەتتە تۇرۇۋېرىشىگە يار- يۆلەك بولغان بولىدۇ.

گەرچە مەن شائىرنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتى بىلەن پسىخىك ساپاسىنى مۇشۇ ماقالەمنىڭ ئىككىنچى بۆلۈكىگە كەلگەندىرەك مۇزاكىرە قىلىشنى جىددىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويىغان بولسامۇ، لېكىن نۆۋەتتىكى مۇناسىۋەتلىك دائىرىدە فروئىدنىڭ خىيالىي تۇيغۇ شەكلىدىكى بەدىئىي ئەسەر ھەققىدە ئېيتقان قاراشلىرىنى تىلغا ئالمىسام بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن ئۇ خېلى كۆپ ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ __ ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك بىلىدىغان بىردىنبىر ئۇرۇنۇش بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى خىيالىي تۇيغۇدىكى خام ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسىگە نىسبەتەن «ئىلمىي» چۈشەنچە بېرىش ياكى بۇ ھەقتە مەلۇم نەزەرىيە شەكىللەندۈرۈش، شۇ ئارقىلىق بۇ خىل غەلىتە بەدىئىي ئىجادىيەت شەكلى ئاستىغا يوشۇرۇنغان پسىخىك جەريانىنى ئىزاھلاش بولۇپ قالدى. بۇ نۇقتىدىكى نۇقتىنەزىرىم باشقىلارغا تېخى تونۇش ياكى ئۇلار تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىپ كېتىلمىگەن بولغاچقا، بىر نەچچە جۈملە باشلىنىش سۆزىدىن كېيىن ئۇنى قىسقىچە بايان قىلماقچى بولدۇم. بىز ناۋادا «خىيالىي تۇيغۇ شەخسنىڭ تەجرىبىسىدىن كېلىدۇ» دېگەندە چەك تۇردىغان بولساق، ئۇنداقتا بىزنىڭ خىيالىي تۇيغۇغا چوقۇم ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەلۇم نەرسە ئورنىدا مۇئامىلە قىلىشىمىزغا، ئۇنى پەقەتكىنە ئالماشتۇرۇپ ئىستىمال قىلسا بولىدىغان بىر خىل ئەمەلىي بۇيۇم دەپ قارىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە بىز خىيالىي تۇيغۇنىڭ ئىپتىدائىي خاراكتېرىنى يوقىتىپ، ئۇنى ئارانلا بىر خىل كېسەللىك ئالامىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىغان بولىمىز. بۇ ئەھۋالدا، ئەلمىساقتىن بۇرۇنقى مانان پسىخىك ۋەسۋەسىسىنىڭ قوينىغا چېكىنىدۇ. ھالبۇكى، بىز مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق كۆڭلىمىزنى قايتا تىندۇرۇپ، قىل ئۇيان-قىل بۇيان بولمايدىغان رەتلىك ئالەم كۆرۈنۈشىگە قايتىپ كېتەلەيمىز. ئەلۋەتتە، بىز ئەمەلىي بولۇش ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان، غەرەز ئۇقىدىغان ھەممە ئالەمنىڭ توققۇزى تەل بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلاردىن چقا، خالىي بولغىلى بولمايدىغان بۇ يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز؛ ئۇنى بىنورماللىق ۋە ئالجىغانلىق دەپ ئاتاپ، ھاياتلىقنىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ق ئىش دەپ تونۇيمىز. دوزاقتىن كەلگەن ھەمدە ئادەمنى ۋەھىمىگە قويىدىغان بىشارەت، ئادەملەرنىڭ تېگى- تەكتىگە يېتەلمىگەنلىكىگە كۆرە خىيالىي تۇيغۇ سانىلىپ بىر ياقتا قايرىپ قويۇلىدۇ. شائىرمۇ زىيانلانغۇچى ۋە ئالدامچى قاتارىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەتتا شائىر ئۆزىمۇ ئۆزىدىكى تەجرىبىلەرنى «ھاياتلىقنىڭ، سىپى ئۆزىدىن

ھاياتلىقنىڭ» نەرسىلىرى دەيدىغان بولىدۇ. بۇ تەجرىبىلەرنىڭ ئىچكى مەنىسى ئادەمنىڭ تىكلىپ قارىشى مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ، بۇ ئەھۋالدا بۇ تەجرىبىلەر ئۆزىنى دالدىغا ئالماقتىن باشقا ئامال قىلالمايدۇ.

مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى بىزنىڭ يەنىلا بەدىئىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى بۇ خىل شەرھلەشنىڭ (ئۇنى شەخسىي ئامىل ھالىتىگە قايتۇرۇشنىڭ) بارلىق تاشقى مەنەسى ئۆزۈل-كېسىل ئايدىڭلاشتۇرغىنىمىز تۈزۈك. بىز ئۇنىڭ بىزنى زادى نەگە باشلاپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. پاكىت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ بىزنى بەدىئىي ئەسەرگە بولغان تەتقىقاتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ، بىزنى شائىرنىڭ ئۆزىدىكى پسىخىك مايىللىق بىلەن بىۋاستە روبرو بولىدىغان قىلىپ قويىدۇ. كېيىنكىسى ئەلۋەتتە ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە. لىكىن بەدىئىي ئەسەرنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقى بار، بۇ نۇقتىنىمۇ بىز كۆرمەسكە سېلىۋالساق بولمايدۇ. «شائىرنىڭ ئەسىرى شائىر ئۈچۈن قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ بۇ ئەسەرنى ئۇششاق-چۈششەك نەرسە، تەكچىگە ئېلىپ قويىدىغان بۇيۇم، ئازاب مەنبىيى دەپ قارامدۇ ياكى ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مېۋىسى دەپ بىلەمدۇ؟» بۇ مەسىلە ۋاقتىنچە بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ــــ بەدىئىي ئەسەرنى پسىخولوگىيە جەھەتتىن شەرھلەش. بۇ خىزمەتتىكى ھالقىلىق نەرسە بەدىئىي ئەسەرنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان ئاساسىي تەجرىبىگە، يەنى بىز دەۋاتقان خىيالىي تۈيغۇغا جىددىي مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت. ھېچبولمىغاندا بىز ئۇنىڭغا بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى پسىخىكىلىق شەكىل ئاستىغا يوشۇرۇنغان ھەرخىل تەجرىبىگە (بۇ تەجرىبىنىڭ چىنلىقى ۋە جىددىيلىكىدىن ھازىرغا قەدەر ھېچكىم گۇمانلانغان ئەمەس) قىلغاندەك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. ئىپادىلىنىش يېقىدىن قارىغاندا، خىيالىي تۈيغۇدىكى تەجرىبە ھەقىقەتەنمۇ ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكى تەقدىرىدىن بەك يىراقتا تۇرىدۇ. مۇشۇنىڭغا كۆرە، بىزمۇ ئۇنىڭ چىنلىقىغا ناھايىتى تەستە چىنپۈتىمىز. چۈنكى ئۇ ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان دەرىجىدە چۈچمەل مىستىكا ۋە مېستىتىزملىق تۈس ئالغان بولىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنىڭغا ئەتراپلىق ئويلىنىشتىن كەلگەن ئىدىراكىي پوزىتسىيە بىلەن ئارىلىشىش مەسئۇلىيىتىمىز بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. بىز شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، مۇنداق بىر ئىشقا مۇئامىلە قىلغاندا ئەڭ ياخشىسى ئۇنچىۋالا ئەستايىدىل بولۇپ كەتمىگەن تۈزۈك. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ دۇنيا يېڭىۋاشتىن جاھىلىيەت ۋە خۇراپىيلىققا قايتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز سىرلىق نەرسىلەرنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ياخشى كۆرسەك بولىدۇ. لېكىن، ئادەتتە بىز خىيالىي تۈيغۇدىكى تەجرىبىنى خام ماتېرىيال ياكى بولمىسا شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى، يەنى پسىخولوگىيە يېقىدىن چۈشەنگىلى بولىدىغان شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ تۆكۈلۈشى دەپ تونۇپ، ئۇنى خالىغانچە بىر ياقلىق قىلىۋېتىمىز. بەزى شائىرلار ئۆزى بىلەن ئەسىرى ئارىسىدا پايدىلىق ئارىلىق قالدۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرىدىكى شەرھنى قوللاپ- قۇۋۋەتلەيدۇ. ئالايلۇق، سپىتىل شائىرنىڭ « ئولىمپىكتىكى ئەتىياز» دىگەن ناخشىنى توۋلىشى بىلەن «باھاردا مۇشۇنداق جايدا» دىگىنى بىر ئىش دىگەن قاراشتا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىدۇ. بىراق، پاكىت ئۇنداق بولمايدۇ. شائىرمۇ ئادەتتىكى ئادەم، ئۇنىڭ ئۆز ئەسىرى ھەققىدە دەيدىغانلىرى كۆپ ھاللاردا تېيىمدىن يىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزىگە تايىنىپلا ئۆز مۇددىئاسىنى ئۇقتۇرالمايدۇ، شۇڭا بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى خىيالىي تۈيغۇدىكى تەجرىبىلەرنى قوغداش، ئۇنى شائىر قىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ تەسىرىگە يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلاش بولىدۇ.

بىز «ھىلماسنىڭ پادىچىسى»،«ئىلاھىيەت كومېدىيەسى»،«فائۇست» قاتارلىقلاردىن ئەڭ دەسلەپكى مۇھەببەت تەجرىبىسىنىڭ ئەكس سادىسىنى تۇتۇۋالغىنىمىزنى، بۇ تەجرىبىنىڭ خىيالىي تۈيغۇ قويىندىن چىقىپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكى ۋە ئۆزىنى تاماملىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز. بەزىلەر «فائۇست» نىڭ ئىككىنچى قىسمى ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمىدىكى نورمال ئىنسانىي تەجرىبىنى رەت قىلغان ۋە باسۇرۇپ قويغان دەيدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق پەرەزنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. ئوخشاشلا بىزمۇ ئاساسسىز ھالدا گىيۇتى ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمىنى يېزىۋاتقاندا روھىيەت جەھەتتىن ناھايىتى نورمال ئىدى؛ ئىككىنچى قىسمىغا كەلگەندە ئۇنىڭ روھىيەت دۇنياسى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن دەپ قىياس قىلالمايمىز. ھىلماس، دانتى، گىيۇتى ئۈچەيلەننى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئىككى مىڭ يىلغا يېقىن تەرەققىياتىدىكى بۆرۈنقى بىلەن كېيىنكىسىنى ئۇلىغان ئۈچ باسقۇچ دەپ قاراش كېرەك. بىز ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىدىن ئۇلاردىكى شەخسىي مۇھەببەت ۋەقەلىرىنىڭ يالغۇز ئىنتايىن تەسىرلىك خىيالىي تۈيغۇ تەجرىبىلىرى بىلەنلا باغلىنىشلىق بولۇپ قالماي، بەلكى بۇ تەجرىبىلەرنىڭ بىۋاستە يوسۇندا خىيالىي تۈيغۇدىكى تەجرىبىلەردىن كەلگەنلىكىنى بايقىيالايمىز. بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئۆزى بىزنى بۇ دەلىل- ئىسپات بىلەن تەمىنلىگەچكە ھەممە بۇ دەلىل- ئىسپات شائىردىكى پەۋقۇلئاددە پسىخىك مىجەزنى رەت قىلغان بولغاچقا، بىز بۇ خىيالىي تۈيغۇنى ئادەمدىكى ھاۋايى- ھەۋەسكە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەستىن چىقمايدىغان تەجرىبىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. بىز بۇ خىل خاراكتېردىكى بەدىئىي ئەسەرنى شەخس ھېسابىدىكى سەنئەتكار بىلەن قەتئىي رەۋىشتە ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز لازىم. بۇ خىل خاراكتېردىكى بەدىئىي ئەسەردە، مەيلى ئىدراكىزمچىلارنىڭ نېمىلەرنى دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، بىز بۇ خىيالىي تۈيغۇنىڭ ھەقىقىي ئىپتىدائىي تەجرىبە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمىز. خىيالىي تۈيغۇ سىرتتىن كەلگەن، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس، باشقا شەيئىلەردىكى كېسەللىك ئالامىتىمۇ ئەمەس؛ ئۇ ھەقىقىي سىمۋول، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ مۇئەييەن رەۋىشتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. لېكىن، ئادەملەر تەرىپىدىن تولۇق بىلىپ يېتىلمىگەن نەرسىلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى. ئەگەر مۇھەببەت ۋەقەلىرى ھەقىقىي يوسۇندا باشتىن ئۆتكەن ئەمەلىي كەچۈرمىشلەرنىڭ تەجرىبىسى دېيىلسە، ئۇنداقتا خىيالىي تۈيغۇمۇ ھەقىقىي يوسۇندا باشتىن ئۆتكەن ئەمەلىي تەجرىبە. خىيالىي تۈيغۇنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى زادى فىزىكىلىقمۇ، پسىخىكىلىقمۇ ياكى مېتافىزىكىلىقمۇ؟ ئۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. چۈنكى خىيالىي تۈيغۇنىڭ ئۆزىدە پسىخىكىلىق چىنلىق بولىدۇ، بۇ خىل چىنلىقنىڭ فىزىكىلىق چىنلىقتىن چېنىپ قالىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ئاڭ تەجرىبە كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ. خىيالىي تۈيغۇنىڭ ئوبيېكتى بولسا بۇنىڭ سىرتىدا. بىز سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تايىنىپ ئاللىقاچان بىلىپ يەتكەن شەيئىلەرنىلا تەجرىبىدىن ئۆتكۈزىمىز. لېكىن، بىزدىكى بىۋاستە تۈيغۇ تېخىچە بىلىپ يەتمىگەن ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرغان شەيئىلەرگە تەلپۈنىدۇ. بۇ شەيئىلەر ماھىيەت جەھەتتە يوشۇرۇن بولىدۇ، ئۇلار تونۇپ يېتىلگەن ھامان قەستەن ئارقىسىغا داجىيىدۇ، ئۆزىنى پىنھانغا ئالىدۇ. دەل مۇشۇلارغا كۆرە، ئۇلار ئەزەلدىن تارتىپلا كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە سىرلىق، ئەقىلگە سىغمايدىغان ھەممە ئالداش خاراكتېرىدىكى نەرسىلەر بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى يوشۇرۇپ، كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئېنىق كۆرسەتمەيدۇ. ھالبۇكى، كىشىلەر ۋەھىمە تۇپەيلى ئۆزىنى ئۇلاردىن قاچۇرىدۇ، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا ئىدراك ساۋۇتلىرى ۋە ئىلىم-پەن قالقانلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ھىمايە قىلىدۇ. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ئويغىنىشى مۇشۇ تەرىقە ۋەھىمىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. ئۇلار كۈندۈزى ئالەمنىڭ قىل ئۇيان-قىل بۇيان بولمايدىغان رېتىمىگە ئىشىنىدۇ. كېچىلىرى بولسا ئۆزلىرىنى قورشىۋالغان بۇ قالايمىقانچىلىقتىكى ۋەھىمىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھېلىقى ئىشەنچىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ كۈندۈزلۈك تۇرمۇشىمىزنىڭ سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر قۇدرەت بارمۇ- يوق؟ خەۋپ- خەتەر بىلەن لىق تولغان ھەممە ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر نەرسىگە ئادەملەر زادى ئېھتىياجلىقمۇ- يوق؟ ئېلېكترونغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، تېخىمۇ مەقسەتلىك بىر نەرسە ھەقىقىي يوسۇندا مەۋجۇتمۇ قانداق؟ بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداپ، ئۆزىمىزنىڭ روھىيەت دۇنيايىمىزنى ئىگىلىدۇق ۋە كونترول قىلدۇق دەپ ئېيتالايمىزمۇ؟ پەن تەرىپىدىن « روھىيەت» دەپ ئاتالغان نەرسە كاللىمىزنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان سوئال ياكى سوئال بولۇپلا قالماي بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى باشقا بىر دۇنيادىن ئىنسانلار دۇنياسىغا قاراپ ئېچىلغان دەرۋازىمۇ؟ ئۇنىڭدىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان، تېگى- تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىر كۈچ ئادەمگە بەئەينى كېچە زۇلمىتىنىڭ قارا قانىتىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتامدۇ؟ ئۇ ئادەمنى ئادەتتىكى ئادەملىك ھالەتتىن، ئۆزىنىڭ تەبئىيلىكىدىن ھالقىغان كامىل ئىنسان دەرىجىسىگە كۆتۈرەلەمدۇ؟ بىز بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ خىيالىي تۈيغۇلۇق شەكلىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، مۇھەببەت ۋەقەلىرى قارىماققا خۇددى بىر خىل قۇتۇلۇشنىڭ ئۆزىدەك، شەخسنىڭ تەجرىبىلىرى خۇددى «ئىلاھىيەت كومېدىيە»سىنىڭ ئەھمىيەتلىك كىرىش سۆزىدەك كۆرۈنىدۇ.

ھاياتلىقتىكى زۇلمەتلىك كېچە بىلەن روبرو بولىدىغانلار يالغۇز خىيالىي تۈيغۇ سەنئىتىنى ھازىرلىغان ئىجادىيەتچىلەرلا ئەمەس. پەيغەمبەرلەر، ئالدىن كۆرگۈچىلەر، داھىيلار ۋە ئويغاتقۇچىلارمۇ ئۇلار بىلەن ئوخشاش. بۇ خىل كېچىلىك دۇنيا قانچىلىك قاراڭغۇ بولغىنىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئىنسانلار ئۈچۈن پۈتۈنلەر ناتونۇش نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ئىنسانلار ئۇنى تولىمۇ بالدۇر تونۇغان، چۈنكى ئۇ ھەممە جايدا مەۋجۇت. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئېسىنى تاپمىغان ئىپتىدائىي ئادەملەر ئۈچۈن ئالغاندا، بۇ قاراڭغۇ دۇنيا ئۇلارنىڭ ئالەم كارتىنىسىنىڭ شۈبھە قىلىشقا بولمايدىغان بىر تەركىبىي قىسمى. پەقەت بىزلا ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆزىمىزنى تارتىمىز. چۈنكى بىز خۇراپىيلىقتىن قورقىمىز، چۈنكى بىز تېخىمۇ بىخەتەر، تېخىمۇ ئوڭاي ئىگىلىگىلى بولىدىغان ئاڭ دۇنياسىنى قۇرۇشقا تىرىشىمىز. دۇنيادىكى تەبىئەت قانۇنى مەدەنىي ئەللەردە يېزىق بولۇپ شەكىللەنگەن قانۇنلار نېمىدىن بەھرىمان بولغان بولسا شۇنىڭدىن بەھرىمان بولسۇن دەيمىز. لېكىن، ئارىمىزدىكى شائىرلار ھېلىھەم قاراڭغۇلۇق دۇنياسىدا كەت قىلىشۋاتقان ھەرخىل شەكىلدىكى سايىلەرنى ــــ جىنلارنى، ئالۋاستىلارنى ۋە ئىلاھلارنى ھەدېگەندىلا تۇتۇپ ئالالايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىنساننىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا بېرىشتىكى مەقسەتچانلىقنىڭ ئۆز ھاياتلىقىنى ئىجاد قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ۋەقەلەرگە قارىتا ئادەمنى دەككە- دۈككىگە سالىدىغان ئالدىن سېزەرلىك بولىدۇ. ئومۇمەن، ئۇلار ياۋايى ئادەملەرگە ۋە ئىپتىدائىي ئادەملەرگە قاتتىق ۋەھىمە پەيدا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە. قەدىمكى ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

قىلدىغان روھىيەت دۇنياسى ئىچىدىن مۇئەييەن بىر نەرسىنى ئالدىنئالا كۆرەلەيدۇ.

ئىنسانلار جەمئىيىتى بارلىققا كېلىشنىڭ دەسلىبىدىلا، ئادەملەر ئۆزلىرى قولغا كەلتۈرگە گۇڭگالىقتا بىر خىل ئېنىق شەكىل بېرىش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشتى، بىز بۇ تىرىشچانلىقتىن قالغان ئىزنالارنى قەدەمدە بىر كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. ئەقەللىيسى رۇسىيە كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئۆڭكۈر رەسىملىرىدىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان، خۇددى جېنى باردەك سىزىلغان ھايۋانات رەسىملىرىنىڭ يېنىدىمۇ ئابستراكت شەكىل، يەنى يۇمۇلاق دائىرە ئىچىدىكى قوش كرىست كۆزنىمىزگە چېلىقىدۇ. بۇ شەكىل ھەر قايسى مەدەنىيەت رايونلىرىدىمۇ ئازدۇر- كۆپتۇر ئۇچرايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىز خرىستىيان دىنىنىڭ چېركاۋلىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا شىزاڭدىكى بۇددخانىلاردىمۇ بۇ شەكىلنى كۆرەلەيمىز. ئۇ ئاتالمىش «قۇياش چاقى»، ئۇ تېخى ھېچقانداق بىر ئادەم چاقنى بىر خىل مېخانىكىلىق قۇرۇلما قىلىشنى ئويلاپ باقمىغان چاغدا بارلىققا كەلگەن بولسا، دېمەك ئۇنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق بىرەر تەجرىبە مەنبەسىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ بىر خىل سىمۋول، بىر خىل پسىخىك ۋەقەنىڭ، ئىچكى دۇنيادىكى بىر خىل تەجرىبىنىڭ ۋەكىلى. شۇنداقلا ئۇ كەركىدان بىلەن پىتخۇمار قۇشنىڭ رەسىمگە ئوخشاش جانلىق بىر كۆرۈنۈشنىڭ قايتا ئىپادىلىنىشى. ھەر قانداق بىر مەدەنىيەتتە ئەزەلدىن تارتىپ ئۆز ھۈنىرىنى باشقىلارغا مەخپىي يوشۇرۇندا تارقىتىدىغان بىر يۈرۈش سىستېما بولماي قالغان ئەمەس. بىر تالاي مەدەنىيەتتە بۇ خىل سىستېما ھەتتا يۈكسەك دەرىجىدە ۋايىغا يەتكەن. ئىنسانىي گۇرۇھلاردا ۋە تۇتېمغا چوقۇنغان جەمەتلەردە ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلغان بۇ خىل يوشۇرۇن شەيئىلەر ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەقىدىلەر ساقلانغان. شۇلارغا كۆرە، بۇ خىل يوشۇرۇن شەيئىلەر ئىپتىدائىي دەۋردىن باشلاپلا ئىزچىل رەۋىشتە ئادەملەردىكى ئەڭ مۇھىم تەجرىبىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ شەيئىلەرگە چېتىشلىق بىلىم ھەر خىل ئىنسانىي گۇرۇھلارغا ئەزا بولۇش مۇراسىملىرىدا كەلگۈسى ياش ئەۋلادلارغا قالدۇرۇلغان. گرېتسىيە، رىم دۇنياسىدىكى مەخپىي دىنىي مۇراسىملارمۇ ئاشۇنداق رولنى ئوينىغان. دېمەك، قەدىمكى دەۋردىكى مول، رەڭدار رىۋايەتلەر دەل ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مۇشۇ خىل تەجرىبىلەرنىڭ ئىنكاسى. مۇشۇلارغا كۆرە، بىز ھامان شائىرغا سېغىنىمىز، ئۇنىڭ رىۋايەتلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئۆز تەجرىبىسىنى ئەڭ مۇۋاپىق يول بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ناۋادا بىز ئۇنى ئىككىنچى قول ماتېرىيالدىن پايدىلانغان دەپ پەرەز قىلىدىغان بولساق بەكمۇ خاتالاشقان بولىمىز. شائىرنىڭ ئىجادىيەت كۈچى ئۇلاردىكى ئىپتىدائىي تەجرىبىدىن كېلىدۇ. بۇ خىل تەجرىبىنىڭ ئۇجۇر-بوجۇرىنى بىلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا رىۋايەت، تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ تۇرۇپ شەكىل ئاتا قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. ئىپتىدائىي تەجرىبىنىڭ ئۆزى ھېچكىمنى سۆز-ئىبارە ياكى ئىماگ بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ « قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ئەينەك» تىلا كۆرۈنىدىغان مەۋھۇم ھادىسىلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇ نىھايەت ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىشىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن جانپىدالىق كۆرسىتىدىغان چوڭقۇر بىشارەت. ئۇ ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا بولىدىغان جىمى نەرسىنى ئالقىنىدا تۇتۇپ، ئۇلارنى ئېگىزلىككە ئېلىپ چىقىش جەريانىدا كۆرگىلى بولىدىغان مەلۇم شەكىلگە كىرگۈزىدىغان شىددەتلىك قۇيۇن. پەۋقۇلئاددە ئىپادىلەش بۇ خىيالىي تۇيغۇدىكى بارلىق مۇمكىنچىلىكنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈشكە چارىسىز قالغان، شۇنداقلا مەزمۇنىنىڭ مول بولۇشى جەھەتتە بىر تالاي يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا، شائىر ئۆز مۇددىئاسىنى ئازراق ئاشكارا قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ زور تۈركۈم خام ماتېرىيالغا ئىگە بولمىسا بولمايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ خىيالىي تۇيغۇدىكى بىمەنە ۋە تازا قاملاشمىغان نەرسىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن چوقۇم ئىگىلەش تەسكە چۈشىدىغان ۋە زىددىيەت تولۇپ-تاشقان تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمىسە بولمايدۇ. ئالايلۇق، دانتىنىڭ بىشارەتلىك كىيىم-كېچكى جەننەت بىلەن دوزاختىكى رەڭگارەڭ بارلىق ئىماگنى ئۆزىدىن ساقىت قىلمىدى؛ گېيوتى ئۆز ئەسەرلىرىگە بولاۋكسبورگ بىلەن گرېتسىيە خارابىلىرىدىكى ۋەھىمىلىك رايونلارنى چوقۇم كىرگۈزۈش كېرەك دەپ قارىدى؛ نىتزى مۇقەددەس ئۇسلۇبقا قايتىپ تارىختىن بۇرۇنقى ئەپسانىۋى ئالدىن كۆرەرلىكنى يېڭىباشتىن ئىجاد قىلدى؛ بۇلايك ئۆزى ئۈچۈن تەسۋىرلەش تەسكە توختايدىغان ئوبرازلارنى ياراتتى؛ سپىتىل ئۆز تەسەۋۋۇرىدا روياپقا چىقارماقچى بولغان يېڭى ھاياتلىقتا قەدىمكى ئىسىملارنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتتى. تەسۋىرلەش مۇمكىن بولمايدىغان يۈكسەكلىكتىن تارتىپ بىنورمال باشباشتاقلىقتا قەدەر پۈتكۈل غەلىتىلىك ئىچىدە ھەر قانداق ئارىلىق چۈشۈپ قالمىدى.

پسىخولوگىيىنىڭ بۇ خىل رەڭدار تەسەۋۋۇرغا بىز سېلىشتۇرۇشتا پايدىلاناقچى بولغان ماتېرىياللارنى توپلاپ بەرگەنلىكى ۋە مۇھاكىمىگە لازىملىق سۆز-ئاتالغۇلارنى تەمىنلەپ بەرگەنلىكىدىن بۆلەك ھەر قانداق بىرەر ئىزاھاتنى بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. پسىخولوگىيىگە ئاساسەن كەلگەن بۇ كەسپىي سۆزلەر ۋە خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە ئۆزىنى نامايان قىلىۋاتقان نەرسىلەر كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقنىڭ ئۆزى خالاس. ھالبۇكى بىز دەۋاتقان كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق ___ ھەر خىل ئېرسىيەت كۈچلىرىدىن شەكىللەنگەن مۇئەييەن پسىخىك خاھىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئاڭ دەل مۇشۇنداق پسىخىك خاھىش ئىچىدىن تەرەققىي قىلىدۇ. بىز ئادەم بەدىنىنىڭ فىزىئولوگىيەلىك قۇرۇلمىسىدىن دەسلەپكى ئېۋولۇتسىيە باسقۇچىدا شەكىللەنگەن ئىزلارنى ئۇچرىتىمىز، ئادەمنىڭ پسىخىكىسى قۇرۇلما جەھەتتىن ئورۇقداشلىق سىستېمىسىدا پەيدا بولغان قانۇنىيەتلەرگە رىئايە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئەمەلىيەتتە ھەم ئاڭ سىدام ھالەتتە تۇرغان چاغدا، ئالايلۇق چۈش كۆرگەندە، ھوشسىزلانغاندا ۋە ئېلىشىپ قالغاندا ئۇنىڭدىكى مەلۇم پسىخىك مەھسۇل ۋە پسىخىك مەزمۇن سىرتقا لەيلەپ چىقىدۇ ھەمدە پسىخىك تەرەققىياتنىڭ ئىپتىدائىي سەۋىيىدە تۇرۇۋاتقان ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىدۇ. بۇ خىل ئىماگنىڭ ئۆزى كۆپ ھاللاردا مەلۇم ئىپتىدائىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان بولىدۇ؛ ھەتتا بىز ئۇلارنىڭ قەدىمكى مەخپىي دىنىي ئەقىدىلەردىن كەلگەنلىكىنىمۇ پەرەز قىلىپ يېتەلەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا، زامانىۋى كىيىم كىيگەن ئەپسانە تېمىلىرىمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرغان بولىدۇ. كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقنىڭ بارلىق ئىپادىلىنىش شەكلىدە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتلىك بولغىنى شۇكى، ئۇلار ئاڭنىڭ ئۆزلۈك خاھىشىنى تولۇقلايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار روشەن مەقسەتلىك شەكىل ئارقىلىق ئاڭدا مۇجەسسەم بولۇپ تۇرغان بىر تەرەپلىمىلىكنى، ئالجىشنى ۋە خەتەرلىك ھالەتنى مەلۇم تەكشىلىككە يېتەكلىيەلەيدۇ. بۇ نۇقتىنى بىز چۈشمىزدە پائال تەرەپتىن كۆرەلەيمىز. ئېلىشىپ قالغاندا بۇ خىل تولۇقلاش جەريانى كۆپىنچە ناھايىتى ئوچۇق زاھىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بىر خىل پاسسىپ شەكىل نامايان بولغان بولىدۇ. مەسىلەن، مۇنداق بەزى ئادەملەر بار، ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى مەخپىيەتلىكنى كەلگۈسىدىكى مەلۇم كۈندە باشقىلار بىلسۇن ۋە غولغۇلا قىلسۇن ئۈچۈن ئۆزىنى رېئال دۇنيادىن چەتتە قالدۇرۇشقا ئالدىرايدۇ.

ناۋادا بىزنىڭ تەكشۈرۈۋاتقىنىمىز گېيوتى يازغان «فائۇست» بولغان بولسا، شۇنداقلا گېيوتىنىڭ ئۇنىڭدا ئۆز ئاڭدىكى خاھىشنى تولۇقلىغان ياكى تولۇقلىمىغانلىقىنى بىر ياقتا قايرىپ قويىغان بولساق، ئۇنداقتا مۇنداق بىر مەسىلىگە يەنى «فائۇست» بىلەن گېيوتى دەۋرىدىكى ئۆزلۈك كۆزقارىشى ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەتنىڭ بولغانلىقىغا چوقۇم جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغۋار شېئىر ھامان ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئالىدۇ. ئەگەر بىز ئۇ شەخسىي ئامىلنىلا مەنبە قىلىدۇ دېسەك، بىز ئۇنىڭ مەنىسىنى پۈتۈنلەي چۈشەنمىگەن بولىمىز. كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق ھەر نۆۋەت مەلۇم جانلىق تەجرىبە ئايلانغاندا ھەمدە بىر دەۋرنىڭ ئۆزلۈك كۆزقارىشىغا تەسىر كۆرسەتكەندە، ئۇ شۇ دەۋردە ياشاۋاتقان ھەربىر ئادەمگە نىسبەتەن ناھايىتى زور مەنىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بىر پارچە بەدىئىي ئەسەر دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن، دەۋرمۇ-دەۋر تارقىلالايدىغان ئۈچۈرنى ئۆزىگە جەملىگەن بولۇشى كېرەك. مۇشۇنىڭغا كۆرە، «فائۇست» گېرمانىيەلىك ھەربىر ئادەمنىڭ روھىيەت چوڭقۇرلۇقىدىكى مۇئەييەن بىر نەرسىگە تېگىپ ئۆتكەن بولىدۇ. ئوخشاشلا، دانتىمۇ شۇ تۆپەيلى ئەبەدىلئەبەدلىك شان-شۆھرەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. ھەر قانداق دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس خاھىشچانلىقى، پەۋقۇلئاددە بىر تەرەپلىمىلىكى ۋە روھىي كېسىلى بولىدۇ. چۈنكى دەۋرمۇ ئادەمگە ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا مەلۇم تولۇقلاش ۋە تەڭشەش ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇ خىل تولۇقلاش ۋە تەڭشەش پەقەت كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاڭسىزلىقتا شائىرلار ۋە داھىيلار ئۆزلىرى ھايات كەچۈرگەن دەۋردە ئىپادىلەپ بولالمىغان ئارزۇ-ئارماننىڭ باشلاپ مېڭىشىغا لام-جىم دېمەي ئۇنايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ سۆزى ياكى ھەرىكىتى ئارقىلىق قارىغۇلارچە تەلەپكار بولغان ۋە ئىنتىزارلىق ئىچىدە تىت-تىت بولۇۋاتقانلارغا ئۇلار قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن، بۇ خىل قانائەتنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى ئاپەت ياكى بەخت ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بىر دەۋرنى قۇتقۇزۇپ قالالايدىغانلىقى ياكى ھالاكەتكە باشلايدىغانلىقى بىلەن كارى بولمايدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر توغرىسىدا سۆزلەۋېتىپ مۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشى تولىمۇ خەتەرلىك. چۈنكى نۆۋەتتە بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەقىقەتەن بەك چوڭ، چۈشەنمەكمۇ بەك قىيىن بولغان مەسىلىلەردۇر. شۇڭا ئۇ ھەقتە ئاز-پاز بىشارەت بېرىشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك بولىدۇ، ئالايلۇق، فرانسىكو كولنا ئۆز ئەسەرلىرىدە چۈش شەكلىنى قوللىنىپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى تەبىئىي مۇھەببەتنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشتە پايدىلاندى؛ ئۇ سەزگۈ ئەزالاردىكى ھوزۇر- ھالاۋەتلەرنى تەشەببۇس قىلمىدى؛ شۇنداقتىمۇ خرىستىيان دىنىنىڭ نىكاھتىكى مۇقەددەسلىكنى بىر ياققا چۆرۈۋەتتى. بۇ كىتاب 1453- يىلى يېزىلغانىدى. لىدىر ھايگىتنىڭ تۇرمۇشى رىيە خاندانلىقىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋر بىلەن ماسلاشتى. لېكىن، ئۇ بۇ ئەسەرگە چۈش شەكلىنى بەرمىگەن بولسىمۇ، بىزگە يەنىلا ئەخلاقىي توقۇنۇشتىكى يلىكنى ھېس قىلدۇردى. گېيوتى گانلىچىن، ئېلىنا، مارتىل، گرولىيۇشيالارنىڭ باش تېمىسىنى «فائۇست» تىن ئىبارەت كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭدار گىلەمنىڭ ئىچىگە

بىر تال قىزىل يىپقا ئوخشاش توقۇپ كىرگۈزۈۋەتتى. بۇ شائىرلارنىڭ كۆزدە تۇتقانلىرى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىڭلىغان- مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ ئاۋازى بىلەن سۆزلەپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئۆزلۈك كۆز قارىشىدا سادىر بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن بىشارەت بېرەلىدى.

## 2. شائىر

ئىرادىدىكى ئەركىنلىككە ئوخشاش ئىجادىيەتنىڭمۇ مەلۇم سىرى بولىدۇ. پسىخولوگىيە ئالىملىرى بۇ ئىككى خىل ئىپادىلەشنىڭ جەريانىنى تەسۋىرلەپ بېرەلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان پەلسەپىۋى مەسىلىگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ. ئىجادچانلىقتا باي ئادەمنىڭ ئۆزىلا بىر تېپىشماق. بىز ئۇنىڭغا جاۋاپ ئىزدەشكە شۇنچە ئۇرۇنساقمۇ، ئاخىرىغا بېرىپ يەنىلا لېۋمىزنى چىشلەپ قالىمىز. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ پاكىت ھازىرقى زامان پسىخولوگىيەسىنىڭ سەنئەتكار بىلەن سەنئەتكە يۈزلىنىش يولىنى توسۇپ قالالمايدۇ. فرۇئىد سەنئەتكارنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشىگە كۆرە بەدىئىي ئەسەرنىڭ جەريانىنى پەرەز قىلىپ، يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان ھېلىقى سىرنى تاپتىم دەپ قارايدۇ. دۇرۇس، بۇ تەرەپتە بەزى ئېھتىماللىقمۇ مەۋجۇت. چۈنكى بەدىئىي ئەسەرنىمۇ نېرۋا كېسەللىگە ئوخشاش روھىي تۇرمۇش ئىچىدە بىز مۇرەككەپ ئىدىيىۋى ھالەت دەپ ئاتىغان تۇنۇگۇنگە قەدەر سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدىغانلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. روھىيەت دۇنياسىدا نېرۋا كېسەلنى پەيدا قىلىدىغان مەنبە بار. ئۇلار خىلمۇخىل روھىي كەيپىيات ۋە ھەقىقىي ياكى تەسەۋۋۇردىكى بالىلىق كەچۈرمىشلەردىن كېلىدۇ. بۇ فرۇئىددىكى ئۇلۇغ بايقاش. ئۇنىڭ بەزى ئەگەشكۈچىلىرى، ئالايلۇق، لانك بىلەن ستىكىرمۇ مۇشۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات تېمىلىرىنى زىممىسىگە ئالغان ھەمدە مۇھىم نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەنلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغىنى، شائىرنىڭ روھىيەت كۈچى ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىگە سىڭىپ كىرىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ناۋادا شەخسىي ئامىل شائىرنىڭ خام ماتېرىيالىنى تالاشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ دېيىلسە، بۇ گەپتە ھېچقانداق يېڭىلىق بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ فرۇئىد ئېقىمىدىكىلەر بۇ خىل تەسىرنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر بولىدىغانلىقىنى، ئىپادىلىنىش شەكلىنىڭ نەقەدەر ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن، بۇ يەنىلا ماختاشقا ئەرزىيدىغان ئەمگەك قاتارىغا كىرىدۇ.

فرۇئىد نېرۋا كېسەللىكنى بىر خىل ۋاستە، قانائەت ھاسىل قىلىش شەكلىنىڭ ئورنىغا قويغىلى بولىدىغان نەرسە دەپ قارايدۇ. مۇشۇلارغا كۆرە، ئۇ بۇ كېسەلنى يەنە مەلۇم بىنورمال ئىش، بىر خىل خاتالىق، تەپ تارتىش، باھانە ياكى ئۆزى رازىلىق بېرەلەيدىغان كورلۇق دەيدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە نېرۋا كېسىلى ماھىيەت جەھەتتىن يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان بىر خىل نۇقسان. ئۇ روھىيەتنىڭ روشەن ھالدىكى بۇزۇلۇشى بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق نەرسە ئىكەنلىكى تۈپەيلى ئۇ توغرىسىدا بىر نەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىشقا پېتىنالايدىغانلارمۇ ناھايىتى ئاز. لېكىن، بەدىئىي ئەسەر شائىرنىڭ روھىيىتىدىكى بېسىم يېقىدىن تەھلىل قىلىشقا بولىدىغان مۇئەييەن بىر ئىش دەپ قارالغان چاغدا، ئۇ روھىي كېسەللىك بىلەن ئادەمنى دەرگۇمان قىلىدىغان دەرىجىدە ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، مەلۇم مەنا تەرىپىدىن ئالغاندا، ئۇ ئۆزىگە ياخشى ھەمراھ تېپىۋالغان بولىدۇ. چۈنكى فرۇئىدنىڭ پسىخولوگىيىسى دىن بىلەن پەلسەپەنىمۇ ئوخشاش نەرسە دەپ قارايدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئۇسۇل پەقەت بىر پارچە بەدىئىي ئەسەرنىڭ ۋاز كەچكەنلىرى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان شەخسىي ئامىل ئىكەنلىكىنىلا چۈشەندۈرىدۇ دېسەك، ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە پىكىر قىلىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. ئەگەر مۇنداق تەھلىل بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئۆزىنىلا چۈشەندۈرىدۇ دېسەك، بۇ قەتئىي رەۋىشتە ئىنكار قىلىدىغان ئىش بولىدۇ. چۈنكى بەدىئىي ئەسەرگە سىڭدۈرۈلگەن شەخسىي خۇي- مىجەز سەنئەتنىڭ ماھىيىتىنى ئىزاھلاپ بېرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەسەردە شەخسكە تەئەللۇق نەرسە قانچىكى كۆپ بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەت خاراكتېرىنى شۇنچىكى يوقىتىدۇ. بەدىئىي ئەسەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇش زېمىنىدىن ھالقىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ سەنئەتكارنىڭ قەلبى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قەلبى بىلەن سۆزلىشەلىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. شەخسىي ئالامەت سەنئەت ئۈچۈن پۈتلىكاشاڭ، ھەتتا بىر خىل جىنايەت. پەقەت شەخسكە ياكى ئاساسلىقى شەخسكىلا تەئەللۇق «سەنئەت» نى راستىنى ئېيتقاندا روھىي كېسەللىك دەپ مۇئامىلە قىلسا بولىدۇ. فرۇئىد ئېقىمىدىكىلەر: «سەنئەتكارلار بىرىسىمۇ سىرتتا قالمىغان ھالدا ئۆزىگە مەيلى چۈشۈپ قالغانلار، يەنى ئۆزىنى سۆيەر خاھىشى بولغانلار، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلار تولۇق يېتىلمىگەنلەر، بالىلىق خۇيى ۋە ئۆزىنى ئۆزى ياقتۇرۇپ قېلىش خۇيى بولغانلار» دەيدۇ. بۇ نۇقتىنەزەرنىڭ ھېچبولمىغاندا ئاز- پاز ئاساسى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ سۆز پەقەت شەخس ھېسابىدىكى سەنئەتكارغا قارىتىپ ئېيتىلغاندىلا ئاندىن پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. سەنئەتكار بولغان شەخسنىڭ بۇ گەپ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. مۇنداق كىشىلەر سەنئەتكارلىق ئىقتىدارى ئىچىدە ھەم ئۆزىگە مەيلى چۈشۈپ قالغانلار قاتارىغا كىرمەيدۇ ھەم ئۇنىڭ باشقىلارغىمۇ مەيلى چۈشۈپ قالمايدۇ. ئۇلاردا ھەر قانداق مەنە يېقىدىكى ھاۋايى- ھەۋەس بولمايدۇ. ئۇلار ئوبيېكتىپ بولىدۇ. ئىندىۋىدۇئالسىز بولىدۇ (ھەتتا غەيرىي تەقلىددىكى ئادەملەردىن بولىدۇ). چۈنكى بۇ يەردە سەنئەتكار دېيىلىۋاتقىنى دەل ئۇنىڭ ئەسىرى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس.

ئىجادكارلىق روھىغا باي ئادەم — ئىككى خىل ياكى كۆپ خىل زىددىيەتلىك خاھىشنىڭ بىرلىكى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئىنسانلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغان ئەزالىرىنىڭ بىرى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئىندىۋىدۇئاللىقى بولمىغان ئىجادىيەتنىڭ جەريانى. ئۇ ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن، بەلكىم ساغلام ياكى كېسەلچان ئادەم، شۇڭا ئۇنىڭدىكى ئادىمىيلىكنى ھەل قىلىدىغان ئامىلنى بىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىغا دىققەت قىلىمىز. لېكىن، مەن يەنە پەقەت ئۇنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيىتىگە دىققەت قىلىش ئارقىلىقلا ئاندىن ئۇنىڭدىكى سەنئەت قابىلىيىتىنى بىلەلەيمىز. ناۋادا بىز شەخسىي ئامىلغا تايىنىپ بىرەر ئەنگلىيىلىك جانابنى، پرۇسىيەلىك ئەمەلدارنى ياكى كاردىنالنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى بىلىشكە ئۇرۇنساق، مۇقەررەر يوسۇندا ئېچىنارلىق خاتالىققا يول قويىمىز. بۇ يەردە جاناب، ئەمەلدار، كاردىنال دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسى ئىندىۋىدۇئاللىقى يوق ئەھۋالدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىدا مەلۇم پەۋقۇلئاددە ئوبيېكتىپلىق بولىدۇ. بىز سەنئەتكارلارنىڭمۇ ئەمەلدارلىق فۇنكسىيەسىنى يۈرگۈزمەيدىغانلىقىنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇ خىل چېكىدىن ئاشقان قارىمۇقارشىلىقنى مىسال كەلتۈرۈش ھەقىقەتنى شەرھلەشكە تېخىمۇ قولايلىق. چۈنكى مەلۇم پەۋقۇلئاددە سەنئەت شىجائىتى شەخسكە ۋە كوللېكتىپ روھىي تۇرمۇشقا بېقىنمىغان ھالدا ئېغىر بىر يۈكنى زىممىسىگە ئالغان بولىدۇ. سەنئەت تالانتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغاچقا، ئادەمنى ئۆزىنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرالايدۇ. سەنئەتكارلار سەنئەتنىڭ ئۆزلىرى ئارقىلىق بەدىئىي مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىر شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن شادلىقى، ئاچچىقى، ھەسرەت- نادامىتى، شەخسىي ئىرادىسى ۋە ئۆز ئالدىغا ئويلىغانلىرى بار ئادەملەردىن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلار سەنئەتكار بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ يۈكسەك مەنىدىكى ئادەم، يەنى «كوللېكتىپنىڭ ئادىمى»، ئىنسانلارنىڭ ئاڭسىز روھىيەت تۇرمۇشىنى يۈدۈپ ماڭغان ۋە شۇنداق تۇرمۇشنى ياراتماقچى بولغان ئادەم. ئۇلار مۇشۇ قىيىن بۇرچنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بەزىدە شەخسىي بەختىنى قۇربان قىلىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر تۇرمۇش دېگەننى ئەرزىگۈدەك ئۆتكۈزۈش كېرەك دەپ قارىغان ئىشلارنى پاكپاكىز قۇربان قىلىۋېتىشتىن يانمايدۇ.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، سەنئەتكارنىڭ پسىخولوگىيە ئالىملىرى تەھلىلى ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىدىغان قىزىقارلىق ئوبيېكت بولۇپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولمىسىمۇ بولىدۇ. سەنئەتكارنىڭ تۇرمۇشى زىددىيەتلىك توقۇنۇش بىلەن تولغان. چۈنكى ئۇنىڭ جىسمىدا مۇنداق ئىككى خىل كۈچ تىنىمسىز ھالدا ئۆزئارا ئېلىشىپ تۇرىدۇ: ئۇنىڭ بىر تەرىپى ئادىدىي ئادەملەردىكى بەخت، قانائەت ۋە خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈشكە بولغان تەقەززالىق؛ يەنە بىر تەرىپى شەپقەتسىزلىك، ھەتتا بارلىق شەخسىي ئارزۇ- ھەۋەسلەرنى ئاياغ- ئاستى قىلىۋەتكۈدەك تەرەققىي قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىجادىي ھاياجان. شۇڭا سەنئەتكارنىڭ تۇرمۇشىنى پاجىئەلىك دېيىشكە بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ھېچبولمىغاندا يۈكسەك دەرىجىدىكى بەختسىزلىك دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ بەختسىز تەقدىرىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنىڭ تاكامۇللاشمىغانلىقىدىن بولۇۋاتقان ئەھۋال. ھەر قانداق ئادەم ئىجادىي ھېسسىياتتىكى تۇغما قابىلىيەت ئۈچۈن غايەت زور بەدەل تۆلەش كېرەك. قىسقىسى، بۇ قانۇنىيەتتىن چەتتە قالىدىغانلار ئىنتايىن ئاز. بۇ خۇددى ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭلا مۇئەييەن بىر پسىخىك قابىلىيەتنى زىممىسىگە ئالغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىمىزدىكى ئەڭ زور كۈچ- قۇدرەت بۇ خىل قابىلىيەتنى تارتىۋالالايدۇ، ھەتتا ئۇنى مونوپول قىلالايدۇ. ئۇنى ھەر قانداق بىرەر قىممەتكە ئىگە نەرسىنى قايتا ئىشلەپچىقىرالمايدىغان قىلىپ قويالايدۇ. دېمەك، ئىجادىيەت كۈچى بىر ئادەمدىكى پۈتكۈل ھاياجاننى مۇشۇ تەرىقىدە دەم تارتىدۇ ۋە ئادەمنىڭ ئۆزلۈكىدە ھاياتلىق ئۈچقۇنىنىڭ تەلتۆكۈس زايە بولۇپ كېتىشىگە بەرھەم بېرىش ئۈچۈن ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى، ۋۇق، ۋەھشىيلىكنى، شەخسىيەتچىلىكنى ۋە شۆھرەتپەرەسلىكنى، يەنى ئاتالمىش «ئۆزىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىش» نى، ھەتتا ھەر خىل جىنايى قىلمىشلارنى للەندۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. سەنئەتكارنىڭ ئۆزىگە ئۆزىنىڭ مەيلى چۈشۈپ قېلىشى، يەنى ئۆزىمەپتۇنلۇقى تالادىن بولغان ۋە يېتەرلىك كۆيۈنۈشكە داخىل بولالمىغان بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنداق بالىلار گۆدەك ۋە ئەركە-نايناق چېغىدىن باشلاپلا ئۆزىنى ھىمايە قىلىشقا، ئۆزىگە قىلچە مېھرىبانلىقى بولمىغان ئادەملەرنىڭ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

بورەك قىلىشتىن ساقلىنىشقا ئىنتىلىدۇ. مۇشۇلارغا كۆرە، ئۇلار ھەرخىل ناچار قىلىقلارنى چىقىرىپ، ئاخىرىغا كەلگەندە يەڭگىلى بولمايدىغان ئۆز مەركەزچىلىكنى ياكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدىغان گۇدەكلىك، ئىقتىدارسىزلىقنى ياكى ئەخلاقى ئۆلچەم بىلەن قانۇن-نىزاملارغا مۇتتەھەملەرچە دەخلى-تەرۈز قىلىدىغان ئىللەتنى ساقلاپ قالىدۇ. بىز سەنئەتكارنى چۈشەندۇرىدىغان ۋە ئىزاھلايدىغان نەرسە ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى توقۇنۇش بىلەن نۇقسان ئەمەس، بەلكى پەقەتلا ئۇنىڭدىكى سەنئەت ئىكەنلىكىدىن ئىبمىشقا گۇمانلىنىمىز؟ شەخسنىڭ تۇرمۇشىدىكى نۇقسان بىلەن توقۇنۇش ناھايىتى كەلسە ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئاقىۋىتىنىلا ئىبارەت،خالاس. پاكىت ئۇنىڭ سەنئەتكار ئىكەنلىكىدە. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈندىن ئېتىبارەن ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۇلۇغ بىر بۇرچنى تاماملاش توغرىسىدا چاقىرىق تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىدا. شۇڭا پەۋقۇلئاددە قابىلىيەت، پەۋقۇلئاددە نىشان ئۈچۈن غايەت زور دەرىجىدە كۈچ سەرپ قىلىشى لازىم. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى مۇناسىپ يوسۇندا خورىتىپ تاشلاش بىلەن تاماملىنىدۇ.

شائىر ئۆز ئەسىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇغۇلىدىغانلىقىنى، چوڭ بولىدىغانلىقىنى ۋە پىشىپ- يېتىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلامدۇ- يوق؟ ئۇ ئۆز ئەسىرىنى يوقلۇق ئىچىدىن قوراشتۇرۇپ ئىجاد قىلدىم دەپ تونامدۇ- يوق؟ بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى مۇنداق بىر پاكىتنى، يەنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ خۇددى پەرزەنت ئانىسىدىن ھالقىپ كەتكەنگە ئوخشاش ئۆزىدىن ھالقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئىجادىيەت جەريانى ئانىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ئىجادچانلىقتا باي ئەسەر ئاڭسىزلىقنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن كېلىدۇ ياكى ئۇنى ئانىلىق پادىشاھلىقىدىن كېلىدۇ دېگەن تۈزۈك. ئىجادىيەت كۈچى ھەر نۆۋەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندە، ئادەمنىڭ ھاياتى ئاڭسىزلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە تەسىرى تۈپەيلى سۇبيېكتىپ ئارزۇغا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئادەم ئۆزى تۈيۈپ يەتكەن ئۆزلۈك ئۆز قەلبىدىكى يوشۇرۇن ئېقىمنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ يۈز بېرىۋاتقان پىسخىك ۋەقەگە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرىدىغان گۇۋاھچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. «فائۇست»نى گيۆتى ئىجاد قىلمىغان، بەلكى «فائۇست» گيۆتىنى ئىجاد قىلغان بولىدۇ. «فائۇست» بىر خىل سىمۋول بولغاندىن باشقا، ئۇنى يەنە نېمە دېگىلى بولاتتى؟ مەن بۇ يەردە تىلغان ئالغان نەرسە مەسەل ئەمەس. ئۇنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنى ئادەملەرگە بۇرۇنلا تونۇشلۇق بولغان نەرسە. شۇنداقلا ئۇ بىر خىل ئىنتىلىش. ئۇ ۋەكىللىك قىلىۋاتقان نەرسىنى ئېنىق تونۇپ يەتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ چوڭقۇر قاتلامدا يىلتىز تارتىپ تۇرىدىغان مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆزى. ئۇنىڭدىكى مۇئەييەن بىر نەرسە گېرمانىيەلىك ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ھايات نەرسە، گيۆتى پەقەتلا ئۇنىڭ تەۋەللۇت بولۇشىنى تېزلەتكەن خالاس. بىز ئۇ ئادەملەرنى «فائۇست» بىلەن «زارا ئاستېر شۇنداق دەيدۇ» نى يازغان گېرمانىيەلىكلەردىن باشقا، يەنە نېمە دەپ ئويلىساق بولاتتى؟ بۇ ئىككى پارچە ئەسەر گېرمانىيەلىكلەرنىڭ قەلبىدە ئەكس سادا پەيدا قىلغان مەلۇم بىر نەرسىگە چېقىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ياكوپ بورگىنخارت تەرىپىدىن بىمەھەل «باشلانغۇچ ئىماگ» دەپ ئاتالغان ئىنسانىيەتنىڭ ئۇستازلىرى ۋە دوختۇرلىرىنىڭ ئوبرازى. ئىنسانلار مەدەنىيتى باشلانغاندىن بۇيان ئاقىللار، قۇتقازغۇچىلار ۋە ئالەم ئىگىلىرىنىڭ ئېپتىدائىي ئوبرازى ئادەملەرنىڭ ئاڭسىزلىقى ئىچىگە يوشۇرۇنغان ياكى ئۇ يەردە قىشلىق ئۇيقۇغا غەرق بولغان. ئۇلار دەۋر قالايمىقانچىلىقى يۈز بەرگەن ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتى ئېغىر قايمۇقۇشلارغا دۇچار بولغاندا يېڭىباشتىن ئويغانغان. ئادەملەر ھەر نۆۋەت ئۆز سەۋەنلىكىگە كۆرە تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغاندا، بىرەر يول باشلىغۇچىغا، ئۇستازغا ياكى دوختۇرغا مۇھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان. ئەلۋەتتە، مۇنداق باشلانغۇچ ئىماگنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئومۇمىيلىقتا ئىگە كۆزقاراشتىكى داۋالغۇش سادىر بولمىغان ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ قايتا ئويغىنىشى، ئادەملەرنىڭ چۈشى بىلەن بەدىئىي ئەسەرلىرىدە زاھىر بولىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. ئاڭدىكى تۇرمۇش ھەر نۆۋەت ئېنىق بىر تەرەپلىمىلىككە ۋە مەلۇم ساختا خاھىشقا يولۇققاندا، بىز يوقىرىدا دېگەن باشلانغۇچ ئىماگ ئاندىن تىرىلىدۇ، ھەتتا ئۇ «تۇغما ھالەت»تە تىرىلىدۇ ھەممە ئادەملەرنىڭ چۈشىدىكى مەنزىرىدە ۋە سەنئەتكارلارنىڭ خىيالىي تۇيغۇسىدا نامايان بولىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. نەتىجىدە مۇشۇ دەۋرنىڭ پىسخىك تەڭپۇڭلۇقى ئەسلىگە قايتىدۇ.

شائىرنىڭ ئەسىرى مۇشۇنداق شەكىلگە تايىنىپ ئۇ ئۆزى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان جەمئىيەتنىڭ روھىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشىدۇ. دەل مۇشۇلارغا كۆرە، ئۇنىڭ ئەسىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ نۇقتىنى ئاڭلىق تونۇغان ياكى تونۇمىغانلىقىغا قارىماي، شائىرنىڭ تەقدىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. شائىر ماھىيەت جەھەتتىن ئۆز ئەسىرىنىڭ سايمىنى بولغانىكەن، دېمەك ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە تەئەللۇق بولمايدۇ. شۇنداقلا بىزنىڭمۇ ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىشىنى ساقلاپ تۇرۇش ئاساسىمىز بولمايدۇ. شائىر ئۆز ئەسىرىگە مەلۇم شەكىل بېرىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىقتىدارىنى ئەڭ زور چەكلىمە ئىچىدە جارى قىلدۇرىدۇ؛ شەرھلەشنى باشقىلارغا، كەلگۈسىگە قالدۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ بەدىئىي ئەسەر بەئەينى چۈشكە ئوخشايدۇ؛ كۆرۈنۈشتە ئۇجۇر-بۇجۇرىگىچە چۈشەنگىلى بولىدىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەسلا ئۆزىنى شەرھلەپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئەزەل خىرە-شىرە ۋە گۇڭگا بولىدۇ. چۈش بىزگە ھەرگىزمۇ «سەن مۇنداق قىلىشىڭ كېرەك» ياكى «ھەقىقەت دېگەن مانا شۇ» دەپ سۆزلەپ يۈرمەيدۇ. ئۇ بەجايىكى چەكسىز تەبىئەت ئۆسۈملۈكلەرگە ھايات بەخش ئەتكەندەك، ئۇنىڭغا مەلۇم بىر ئىماگدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىمىزدىنلا يەكۈن چىقىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم قاباھەتلىك چۈش كۆرگەن بولسا، بۇ ئۇنىڭ بىرەر ئۇستازنىڭ يېتەكلىشىگە ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭ باشقىلارغا ئۇستاز بولۇشقا بەكمۇ ھېرىس ئىكەنلىكىنى ئىزاھلايدۇ. بۇ ئىككى خىل تەبىر مۇئەييەن نازۇك شەكىل ئارقىلىق خۇددى بىز بىر پارچە بەدىئىي ئەسەردىن ھوزۇرلانغان ھەمدە سەنئەتكارنىڭ ئۆز تەسراتىنى ھەقىقىي يوسۇندا چۈشەنگەن چېغىمىزدىكىگە ئوخشاش بىرلا شەيئىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەنىسىنى ئىگىلەشتە، ئۇ بىزنىمۇ خۇددى سەنئەتكارنىڭ ئۆزىنى تەسىرلەندۇرگەندەك تەسىرلەندۇرەلىگەن بولۇشى لازىم. شۇ چاغدىلا بىز سەنئەتكارنىڭ جىسمىدىن ئۆتكەن تەجرىبىنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنەلەيمىز. سەنئەتكارنىڭ كوللېكتىپ روھىيەت قويىندىن بىزنى داۋالىيالايدىغان ۋە قۇتقۇزالايدىغان بىر قۇدرەتنى چاقىرىپ چىقىۋاتقانلىقىنى، بۇ خىل كوللېكتىپ روھىيەتنىڭ يېتىمسىرىغان ۋە ئازابلىنىۋاتقان يېڭىلىششىنىڭ ئىچىدىكى ئاڭغا يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. يەنە بىز سەنئەتكارنىڭ ھەممە ئادەم ئۆزىنى پىدا قىلغان ھاياتلىق قېلىپى ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرگەنلىكنى، بۇ خىل ھاياتلىق قېلىپىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئورتاق رىتىم ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋە شەخسنىڭ ئۆزىدىكى ھېسسىياتنى ۋە تىرىشچانلىقنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن بەدىئىي ئۈنۈمنىڭ سىرىنى پەقەت «مەخپىيەتلىكتىن ئورتاق بەھرىمان بولۇش» ھالىتىگە قايتۇرغاندىلا ئاندىن بايقىغىلى بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنى تەجرىبىنىڭ مۇنداق بىر يۈكسەكلىكىگە قايتۇرۇش كېرەككى، بۇ خىل يۈكسەكلىكتە ئادەم شەخس سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپ سۈپىتىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولىدۇ. شەخسنىڭ بېشىدىكى بالا- قازا بىلەن بەخت- سائادەتنىڭ كارايىتى چاغلىق بولىدۇ. پەقەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىلا ئەھمىيەتلىك بولغان بولىدۇ. دەل مۇشۇلارغا كۆرە، ھەر بىر ئۇلۇغ بەدىئىي ئەسەر ئوبيېكتىپ ۋە غەيرىي شەخش خاراكتېرىدە بولىدۇ. لېكىن، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئۇ ھەر بىر ئادەمنى چوڭقۇر تەسىرلەندۇرۇشكە قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. يەنە دەل مۇشۇلارغا كۆرە، شائىرنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ئۇنىڭ سەنئىتى ئۈچۈن غەيرىي ماھىيەتلىك بولىدۇ. ئۇ ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئۇنىڭ سەنئەت بۇرچىغا ياردەم بېرىدۇ ياكى توسالغۇ بولىدۇ، خالاس! سەنئەتكار ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدا مىشچان، ئەمىر- مەرۋېتىن چەتنىمەيدىغان ئاددىي پۇقرا، روھىي كېسەل، كالۋا ياكى جىنايەتچى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ شەخسىي ھاياتى بەتتام ياكى تولىمۇ قىزىقارلىق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، شائىر دەپ ئاتالغان بۇ ئادەمنى ئۇنىڭلىق بىلەنلا شەرھلىگىلى بولمايدۇ.

تۈگىدى

مەنبە: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2012- يىللىق 1- سان

مەنبە: پاساھەت بىلوگى http://pasahet.com/?p=10612

ئەسكەرتىش: ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تور بېتىدىكى يازمىلار ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز-قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تور بېتىمىزدىكى يازمىلارنى مەنبەسىنى ئەسكەرتكەن ھالدا كۆچۈرۈپ كەڭ تارقىتىشقا بولىدۇ.